دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# زومىگەرلىك ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېنىق تونۇپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممەمگە ئېلىپ قەتئىي كۆرەش قىلىمەن

□ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، سەھىيە، تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى  زۇنۇن كېرىم

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قايتا - قايتا قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى. مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى» كىشىلىك ھوقۇقنى باھانە قىلىپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى بۇرمىلىدى، قارا چاپلىدى ۋە ئاساسسىز ئەيىبلىدى، شىنجاڭنىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرىگە خالىغانچە بوھتان چاپلاپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى، بۇ ئوچۇقتىن - ئوچۇق زومىگەرلىك قىلمىشىدۇر. بۇ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئازار بەردى، خاراكتېرى ئىنتايىن رەزىل، نىيىتى ئىنتايىن قەبىھ بولۇپ، ئۇنىڭ تۈپ مەقسىتى شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تارىخىي مۇساپىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت. پارتىيە كۆپ يىل تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىمنى ۋە بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن، باشلامچىلىق بىلەن تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئىرادە قىلىمەن:

بىرىنچى، ئامېرىكىنىڭ رەزىل قىلمىشىنىڭ ئوچۇقتىن - ئوچۇق زوراۋانلىق سىياسىتى ۋە زومىگەرلىك قىلمىشى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ئېنىق تونۇيمەن

شىنجاڭنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشى، ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ ئارىلىشىشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. ئۇزاقتىن بۇيان، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ شىنجاڭدا سادىر قىلغان زوراۋانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىپ، زوراۋانلىق، تېرورلۇق تەھدىتىگە ئۇچرىغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە قىلچە كۆڭۈل بۆلمىدى، بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ئارقىلىق «ئۈچ خىل كۈچ»كە يانتاياق بولۇپ يەل بېرىشكە ئۇرۇندى، بۇ، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ۋە جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى»دىن پايدىلىنىپ دۆلىتىمىزنى توسۇش، پارچىلاشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتەك رەزىل نىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. پەقەت ئازراق ئەقلىي تەپەككۇر ۋە توغرا مەنتىقىگە ئىگە ئادەم ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىشىنىڭ نوقۇل، تىپىك زومىگەرلىك قىلمىشى ئىكەنلىكىنى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم ئىكەنلىكىنى توغرا پەرق ئېتەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ رەزىل نىيىتى يوشۇرۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. جۇڭگولۇق، پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بىز چوقۇم كۆزىمىزنى روشەنلەشتۈرۈپ، قەتئىي قارشى تۇرۇپ ۋە كۈچلۈك ئەيىبلەپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى ۋە شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغدىشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى، مەن پۈتۈن دۇنياغا شۇنى ئېيتىمەنكى — شىنجاڭ ياخشى جاي

مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شىنجاڭلىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن كىچىكىمدىن تارتىپلا ھەر مىللەت ھەمراھلىرىم بىلەن بىللە ياشاپ، بىللە ئۆسۈپ يېتىلدىم، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك، قېرىنداشلاردەك ئۆتىمىز، گۈزەل شىنجاڭ بىز كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق ماكانى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتلەرنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىشتىن قول سېلىپ، تېرورلۇققا قارشى تۇرۇپ، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى بىر قاتار «بىرىكمە مۇشت»نى ئۇدا ئاتتى، پۈتۈن شىنجاڭدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە چوڭ ۋەزىيەت سىجىل مۇقىم بولۇپ، ۋەزىيەت سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مۇستەھكەملىنىپ، دىنلار ئىناق - رايىش بولۇپ، شەھەر، يېزىلاردا جەمئىيەت تىنچ بولۇپ، ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېرورلۇق دېلو (ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، تۈرلۈك جىنايى ئىشلار دېلولىرى، ئامانلىق دېلولىرى زور دەرىجىدە ئازايدى. مەن پەخىرلەنگەن ھالدا كۆپچىلىككە شۇنى ئېيتالايمەنكى، بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي. «ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيەسى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىلىپ، بۇ يىل 1 - ئايدىن 10 - ئايغىچە شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەن چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى ساياھەتچى 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشتى، ھەر مىللەت خەلق ئىناق ئۆتۈپ، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. ھەقىقانىيەت كىشىلەر قەلبىدە. بىز تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە ئايان، نەتىجە - ئۈنۈم كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

ئۈچىنچى، كۈچلۈك پارتىيەۋىلىك ئارقىلىق يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرىمەن ۋە ياخشى ئىجرا قىلىمەن

پارتىيە كۆپ يىل تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇ يىللاردا، زوراۋان - تېرورچى ئۇنسۇرلار ئېلىپ كەلگەن خەۋپنى بىۋاسىتە ھېس قىلدىم.

مەن شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش داۋامىدا ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىمنى تولۇق ئادا قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممەمگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى ئاداققىچە قەتئىي كۆرەش قىلىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن، مەن بىرىنچىدىن، باشتىن - ئاخىر تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش كۆرىشىدە بايرىقىم روشەن، مەيدانىم مۇستەھكەم بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرىمەن. پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن سىياسىي پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىم ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈكۈمنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، قەتئىي قوشۇلماسلىق، قەتئىي مۇجمەل بولماسلىق، قەتئىي مۇرەسسە قىلماسلىق، قەتئىي يول قويماسلىق پوزىتسىيەسى بىلەن، باشتىن - ئاخىر بايرىقى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم، كۆرەشتە كەسكىن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش كۆرىشىدە ئۈلگە بولىمەن. ئىككىنچىدىن، كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە قەتئىي، كەسكىن جەڭ ئېلان قىلىمەن. شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقى تەستە قولغا كەلگەن. بىز ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىقنىڭ بەخت، بۆلگۈنچىلىك، مالىمانچىلىقنىڭ ئاپەت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر بىلىمىز. بىخەتەر، مۇقىم جەمئىيەت مۇھىتى بولمىسا، ھەر مىللەت خەلق ئىناق ئۆتەلمەيدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەختلىك، تىنچ تۇرمۇشى بولمايدۇ. بىز ئۇيغۇر كادىرلار، ئامما، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم سىياسىي ئېڭىمىز، ئومۇملۇق ئېڭىمىز، يادرو ئېڭىمىز، بىردەكلىك ئېڭىمىزنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۆزىمىزنى روشەنلەشتۈرۈپ، ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، خەۋپنى ئېنىق تونۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن كادىرلار، ئاممىنى تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، زوراۋان - تېرورچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى، جەمئىيەتكە قارشى ھەقىقىي قىياپىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلىشىمىز كېرەك. زوراۋان - تېرورچى ئۇنسۇرلارغا قارىتا، بىز ھەرگىز يۇمشاق قوللۇق قىلماي، باتۇرلۇق بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۇلارغا قارشى كۆرەش قىلىپ، قىلچە رەھىم قىلماي ئەجەللىك زەربە بېرىشىمىز كېرەك. ئۈچىنچىدىن، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممەمگە ئېلىپ، كۈچلۈك پارتىيەۋىلىك بىلەن يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرىمەن، ئىجرا قىلىمەن. مەن يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىمەن؛ باشلامچىلىق بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاڭلىق ھالدا دۆلەت مەنپەئىتىنى قوغداش، پارتىيە مەنپەئىتىنى قوغداش، جۇڭخۇا مىللىتى مەنپەئىتىنى قوغداشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولىمەن؛ قەتئىي تۈردە «ئۈچ خىل كۈچ» بىلەن چەك - چېگرانى ئېنىق ئايرىپ، قەتئىي تۈردە دىنىي ئەسەبىيلىك بىلەن چەك - چېگرانى ئېنىق ئايرىپ، قەتئىي تۈردە «ئىككى يۈزلىمىچى»لەر، «ئىككى يۈزلىمىچىلىك» بىلەن چەك - چېگرانى ئېنىق ئايرىپ، مەڭگۈ پارتىيەگە سادىق بولۇپ، پارتىيە ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم بىلەن كەڭ ئاممىغا تەسىر كۆرسىتىپ ۋە تۈرتكە بولۇپ، كىشىلەر قەلبىنى، كۈچىنى ئەڭ زور چەكتە مۇجەسسەملەيمەن.

# يالغان - ياۋىداق گەپ - سۆزلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان «قانۇن لايىھەسى» مۇقەررەر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ

□ ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرى  پولات ھەمت

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ماقۇللىغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئېغىر دەرىجىدە ئارىلىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ تېرورىزمغا زەربە بېرىش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدىكى تىرىشچانلىقىغا ھە دەپ قارا چاپلىدى، مەن بۇنىڭغا كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقىمنى، قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن 2016 - يىلىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېرورلۇق دېلو (ۋەقە)سىنى پىلانلاپ ھەم تەشكىللەپ سادىر قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نەچچە يۈز جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزدى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئىنتايىن زور توسقۇنلۇق قىلدى. تېرورىزم، ئەسەبىيزم تەھدىتىنىڭ يامرىشىغا قارىتا، شىنجاڭ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىپ، تېرورلۇق پائالىيىتىنىڭ كۆپ يۈز بېرىش، ئۆزلۈكسىز يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدە مۇھىم باسقۇچلۇق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ مەۋقەنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قويۇپ، تۈرلۈك چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتلەرنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىشنى تۇتقا قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتە مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان ۋە قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى، قانۇن بىلىملىرىنى ۋە كەسپىي ماھارەتنى ئۆگەتتى، تېرورىزم، دىنىي ئەسەبىيزم جەھەتتە قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپلىق قىلغان ياكى جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇۋالدى؛ تېرورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى ئەڭ زور چەكتە يوقاتتى؛ پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ تېرورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى. نۆۋەتتە، تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە «ئۈچنى ئۆگىنىش، بىرنى تۈگىتىش»كە قاتناشقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى تەربىيەنى تاماملاپ، ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتى، تۇرمۇش سۈپىتى ياخشىلىنىپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ.

مەن كەنتتە تۇرۇشلۇق ئاز سانلىق مىللەت كادىرى، تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملاپ كەنتكە قايتىپ كەلگەن بىر قانچە كەنت ئاھالىسىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بۇ يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، مەن كەنت ئاھالىسى ئاسىيەم ئوبۇلنىڭ تىككۈچىلىك دۇكىنىغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىدىم. ئاسىيەم ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: ئېرىم ئابدۇللا موللاتوختى تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملاپ كەنتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزگىرىش ناھايىتى چوڭ بولدى. ئىلگىرى ئابدۇللا باللىرىنىڭ ئۆگىنىشىگە ئاساسەن كۆڭۈل بۆلمەيتتى، ھازىر كۈندە ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى سورايدۇ، يەنە ئۇلارغا ياخشى ئۆگىنىش، بولۇپمۇ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ياخشى ئۆگىنىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چوڭ قىزىمغا يان تېلېفون ئىشلەتكەندە تېگى - تەكتى ئېنىق بولمىغان يۇمشاق دېتاللارنى قەتئىي چۈشۈرمەسلىكنى، «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ توردا تارقاتقان ئەسەبىي سۆزلىرىگە ئىشەنمەسلىكنى قايتا - قايتا تاپىلايدۇ.

كەنت ئاھالىسى ئاسىيەم داۋۇت مېنىڭ قوشماقلاشقان تۇغقىنىم، ئۇمۇ تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى. ئۇ مۇنداق دېدى: تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى تۇرمۇش ناھايىتى تەرتىپلىك، يەيدىغان تاماق - قورۇمىلاردا گۆش، كۆكتاتلار ماسلاشتۇرۇلغان، ئوزۇقلۇقى مول. دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگەنگەندىن سىرت، يەنە ھەر خىل ئۇسسۇللارنى ئۆگىنىپ، ئۇسسۇل ئەترىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولدۇم. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ماڭا مۇشۇنداق ئۆگىنىش پۇرسىتى بەرگەنلىكىگە ئىنتايىن رەھمەت. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاندا، مەن ئۇنىڭ ھازىر پائال يۇقىرى ئۆرلەۋاتقانلىقى، ئاكتىپ كۈچكە تولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ھازىر، تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملاپ كەنتكە قايتىپ كەلگەن كەنت ئاھالىلىرى دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى پۇختا ئىگىلىگەنلىكى، قانۇن بىلگەنلىكى، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، بەزىلىرى يەنە تېخى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىدا مۇھىم خىزمەتلەرنى زىممىسىگە ئالدى.

پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ماقۇللىغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى، بۇنىڭدىكى مەقسەت «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش». نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولۇپ، ۋەزىيەت سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، مىللەتلەر ئىتتىپاق - ئىناق، دىنلار ئېجىل - رايىش بولۇپ، شەھەر، يېزىلاردا جەمئىيەت تىنچ بولدى، ئۇدا ئۈچ يىل تېرورلۇق، زوراۋانلىق دېلو (ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، تۈرلۈك جىنايى ئىشلار دېلولىرى، ئامانلىق دېلولىرى زور دەرىجىدە ئازىيىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. ھەر مىللەت ئامما ھۆكۈمەت قوللانغان تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى بىر قاتار تەدبىرلەرنى چىن قەلبىدىن قوللايدۇ، ھىمايە قىلىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)